قەشقەردىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقىغا قەتئىي قارشى تۇردى

# تىنچ، ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى قەتئىي قوغدايمىز

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى، بۇ زومىگەرلىك قىلمىشى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئاساسىي مىزانىنى ئاشكارا دەپسەندە قىلغانلىق. ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى» شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنى نەزەرگە ئالماي، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاق، ئىناق، خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتنى نەزەرگە ئالماي، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى نەزەرگە ئالماي، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە قارىتا خالىغانچە قارا چاپلىغانلىق، ئاساسسىز ئەيىبلىگەنلىك، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلغانلىق. بۇ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش رەزىل غەرىزىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلق ئامېرىكىنىڭ ئوچۇقتىن - ئوچۇق زومىگەرلىك قىلمىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقى ۋە كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

قەشقەرنىڭ تىنچ - ئىناق، گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى تەستە قولغا كەلگەن، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلق ھەسسىلەپ ئاسرايدۇ، ھەسسىلەپ قەدىرلەيدۇ، قەتئىي قوغدايدۇ، تاشقى كۈچلەرنىڭ زورلۇق بىلەن ئارىلىشىشىغا قەتئىي يول قويمايدۇ.

بىز ئامېرىكا تەرەپنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمىزكى: شىنجاڭنىڭ مەسىلىسىگە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بار. ھازىر، قەشقەردە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، مۇقىملىق پايدىسى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلىۋاتىدۇ، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولۇۋاتىدۇ، ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى ئارقىلىق قەشقەردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مۇستەھكەملەندى، دىنلار ئىجىل - ئىناق، شەھەر - يېزا جەمئىيىتى تىنچ بولۇپ، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، تۈرلۈك جىنايى ئىشلار، ئامانلىق دېلولىرى زور دەرىجىدە ئازايدى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەر مەكتەپتە قانۇن ئۆگەندى، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ئۆگەندى، ماھارەت ئۆگەندى، نۆۋەتتە، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى تەربىيەنى تاماملىدى ھەم كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تېپىپ، يامان ئەمەس كىرىمگە ئىگە بولدى، كۆپلىگەن ئائىلىلەر بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشىش، پۈتۈن ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈردى. بۇ، قەشقەرنىڭ قانۇن بويىچە تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى، شۇنداقلا قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەقىقىي ئۆز تەسراتى. ھالبۇكى، ئامېرىكا شىنجاڭنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى قەستەن كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىپ، جاھىللىق بىلەن «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ دۇمبىقىنى چېلىپ، جۇڭگوغا قەستەن قارا چاپلىدى، بوھتان چاپلىدى، ئۇنىڭ رەزىل غەرىزى «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش»قا ئۇرۇنۇش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلق بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمايدۇ!

بىز ئامېرىكا تەرەپنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمىزكى، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە تۈپتىن كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. تېررورىزم پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، خەلقئارا جەمئىيەت ئورتاق زەربە بېرىدىغان ئوبيېكت. قەشقەر تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانى، بولۇپمۇ 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ساددا مىللىي، دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، تارىخنى بۇرمىلاپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، دۆلەت قانۇنىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىپ، مائارىپ، داۋالاش، ئۆيلىنىش، قانۇن يۈرگۈزۈش قاتارلىقلارغا ئارىلىشىپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، جانغا زامىن بولىدىغان بىرمۇبىر پاجىئەلىك دېلولارنى قەستەن پەيدا قىلىپ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلققە تۈگىمەس قايغۇ، يارا ئېلىپ كەلدى. تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ رېئال تەھدىتى ئالدىدا، قەشقەر كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، قانۇن بويىچە «ئۈچ خىل كۈچ»كە قاتتىق زەربە بېرىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنىڭ مۇھىم باسقۇچ خاراكتېرلىك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈردى. ھالبۇكى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى جاھىللىق بىلەن «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللاپ، پاكىتقا پەرۋا قىلماي، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، قوش ئۆلچەم قوللاندى، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە بولغان بىر تەرەپلىمە قاراشقا لىق تولغان بولۇپ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلق بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمايدۇ!

بىز ئامېرىكا تەرەپنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمىزكى، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى. شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭ ئەزەلدىن قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستان» ئەمەس؛ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئۇزاقتىن بۇيان، قەشقەردىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارا ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا ھۆزۈرلىنىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ئورتاق ئۇلتۇراقلىشىپ، ئورتاق ئۆگىنىپ، ئورتاق ئىشلەپ، ئورتاق خۇشال - خۇرام ئۆتتى، ھەر مىللەت خەلق قانۇن بويىچە باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولدى، باراۋەر مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلدى، ھەرمىللەت خەلق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن تولۇق بەھرىمەن بولدى، نورمال دىنىي پائالىيەتلەر قانۇن بويىچە قوغدالدى، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئىتتىپاقلاشتى. ھالبۇكى، ئامېرىكا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان، دىنلار ئىجىل - ئىناق بولغان ئوبيېكتىپ پاكىتنى نەزەرگە ئالماي، شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى خالىغانچە ماقۇللاپ، مىللىي ئارازلىق پەيدا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنى پارچىلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى توسۇشقا ئۇرۇنۇش رەزىل غەرىزىنى قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلق ئاللىقاچان ئېنىق تونۇپ يەتتى، قەتئىي قوشۇلمايدۇ!

ھەرقانداق تۆھمەتنىڭ ھەممىسى قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ؛ ھەرقانداق پىتنە - ئىغۋانىڭ ھەممىسى قەشقەردىكى كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىگەنلىكىدەك پاكىتنى يوققا چىقىرالمايدۇ؛ ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى قەشقەرنىڭ تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش مۇساپىسىگە كاشىلا قىلالمايدۇ. قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىسى ئۇيۇل تاشتەك مەزمۇت! جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ! ئامېرىكىنىڭ سۇيىقەستى چوقۇم مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ!

---

پاكىتقا پەرۋا قىلماي، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىش بىمەنىلىك، شەرمەندىلىك

# خوتەندىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقىنى كۈچلۈك ئەيىبلىدى

شۇ جاي ۋاقتى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. بۇ ئاتالمىش قانۇن لايىھەسى جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت چاپلىغان، بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش كۈرىشىدىكى تىرىشچانلىقىمىزغا خالىغانچە قارا چاپلىغان، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغان، پاكىتقا پەرۋا قىلماي، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلغان، كەمسىتىش ۋە بىر تەرەپلىمىلىككە تولغان، بىز ئۇيغۇر مىللىتى ئاممىسىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىغا كۆز يۇمغان بولۇپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ساختا، رەزىل، بىمەنە، شەرمەندىلىكىنى ئاشكارىلىدى، خوتەندىكى ھەر مىللەت ئاممىسى بۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى» پۈتۈنلەي قوش ئۆلچەم ۋە زومىگەرلىك لوگىكىسى بويىچە كۆزنى يۇمۇۋېلىپ قالايمىقان سۆزلەپ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق؛ ئامېرىكا بۇ خىل شەكىلدىن پايدىلىنىپ «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولۇپ يەل بەردى، بىزنىڭ تەستە قولغا كەلگەن بەختلىك، تىنچ تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى، بۇ، ھەقىقەتەنمۇ غالجىرلاشقانلىق، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىگەنلىك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىزنىڭ شىنجاڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە زەربە بەردى، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى پائال ئالغا سىلجىتتى، تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى. ئاشۇ ئىلگىرى «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىغان قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم - تەربىيەنى قوبۇل قىلىپ، تېررورىزم ۋە ئەسەبىيزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىسى ۋە قۇربانى بولۇشتىن ساقلىنىپ قالدى. ھازىر، بىزنىڭ يۇرت - ماكانىمىزدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى. بىزنىڭ ئىقتىسادىمىز ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، تۇرمۇشىمىز ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكتىن غەم قىلمايمىز، تۇرالغۇمىز كاپالەتكە ئىگە، سەپەرگە چىقساق پويىز، ئايروپىلان بار، كېسەل كۆرسەتسەك داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بار، مەجبۇرىيەت مائارىپى ھەقسىز، ئىشقا ئورۇنلىشىش كاپالەتكە ئىگە، ھەرمىللەت خەلق ئىتتىپاق، ئىناق، خاتىرجەم ياشىماقتا. خوتەن شەھىرى جىيا يېزىسى كالتە تۈگمەن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ باللىرىمىز بۇ يىل ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكى ئالدىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان يەسلىگە كىردى، ئوقۇش ھەققى پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىنغان، بىر كۈندە يەنە ئۈچ ۋاق تاماق، ئىككى ۋاق ئۇششاق يېمەكلىك بار، ئوقۇتقۇچىلارمۇ ياخشى تەربىيەلەيدۇ، بىز ئاتا - ئانىلار خاتىرجەم بولدۇق.» خوتەن شەھىرى گۇجانباغ يېزىسى خۇڭشىڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مۇنداق دېدى: «ھازىر تەبىئىي گاز ئۆيىمىزگە تۇتاشتۇرۇلدى، تاماق ئېتىش، يۇيۇنۇشنىڭ ھەممىسىگە ئىشلەتكىلى بولىدۇ، ھەقىقەتەنمۇ بەك قولايلىق.» خوتەن شەھىرى گۈلباغ كوچىسى كەيشۆەن مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى مۇنداق دېدى: «ھازىر ھەممە كىشىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بار، چوڭ - كىچىك كېسەلنىڭ ھەممىسىنى ئاتچوت قىلغىلى بولىدۇ، كېسەل كۆرسىتىشمۇ قولايلىق، ساغلاملىق سەۋىيەمىز بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ ئۆستى.» بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پارتىيە ۋە دۆلەت بىزگە بەرگەن، «ئۈچ خىل كۈچ» بەرمىگەن، شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى» بەرمىگەن! بىزنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرگەن - كەچۈرمىگەنلىكىمىز توغرىسىدا ئۆزىمىز ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

«ئات ئۇزۇن يولدا سىنىلار، ئادەم ئۇزاق يىلدا.» ئۇزاقتىن بۇيان، ئامېرىكا ۋە ئامېرىكا مەدەت بېرىپ قۇتراتقان «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا ئېلىپ كەلگىنى پەقەت ئاپەت، ھالبۇكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا ئېلىپ كەلگىنى ھەقىقىي بەخت، تىنچلىق ۋە بارغانسېرى گۈزەللىشىۋاتقان تۇرمۇش. بىز شۇنى چوڭقۇر بىلىمىزكى، نۆۋەتتىكى مۇقىم بولغان، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەت تەستە قولغا كەلگەن، بىز چوقۇم ھەسسىلەپ ئاسرايمىز، ھەسسىلەپ قەدىرلەيمىز.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاغزىڭلارنى يۇمۇڭلار! ھەرقانداق سىرتقى كۈچنىڭ يولسىزلىق بىلەن ئارىلىشىشىغا بىز ھەرگىز قوشۇلمايمىز!

---

# تېررورىزم، ئەسەبىيزمنى يوقىتىش شىنجاڭدىكى ئەڭ ياخشى كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتى

□ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مەدەنىيەت - تارىخ ماتېرىياللىرى ۋە ئۆگىنىش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دىلمۇرات مۇسا

بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربتىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقىنى نەزەرگە ئالماي، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ھە دەپ ھۇجۇم قىلىپ، ئاتالمىش «تەلىم - تەربىيە مەركىزى مەسىلىسى»نى باھانە قىلىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسىدە «قوش ئۆلچەم» قوللاندى. بۇنىڭغا بىز قەتئىي قارشى تۇرىمىز. بۇ، خەلقئارا ئەخلاق ۋە ھەققانىيلىق ھەم ئىنسانىي ۋىجدانغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىقنىڭ ئىپادىسى.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭغا ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى سىڭىپ كىرىپ، يامراپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بەردى، ئۆزلۈكسىز يۈز بەردى. زوراۋان - تېررورچى ئۇنسۇرلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى - ئىناقلىقىغا، ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلدى. ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش كۈچلۈك ساداسىدا، شىنجاڭ «بىر قولدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىش ۋە تەربىيەلەش، يېتەكلەش خىزمىتىنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، ئەسەبىيزم ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، مەجبۇرلانغان، شۇنداقلا قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرگە تەربىيەلەش - قۇتقۇزۇۋېلىش، ياردەم بېرىش - يۆلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ ئۇلارغا بولغان تەسىرىنى تۈگىتىپ، تېررورلۇق پائالىيىتىنى يۈز بېرىشتىن بۇرۇن، بىخ ھالىتىدە تىرىشىپ يوقاتتى.

ھازىر، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولۇپ، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى يۈز بەرمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇقىملىق پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلىپ، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، تۈرلۈك ئىشلار ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلەپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

ساياھەتنى ئېلىپ ئېيتساق، شىنجاڭ ساياھىتى شىددەتلىك تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا كىردى. 2018 - يىلى، شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەنلەرنىڭ سانى 150 مىليون ئادەم قېتىمنى بۆسۈپ ئۆتتى. شىنجاڭغا كەلگەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر بەس - بەستە شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالقىشلاپ، شىنجاڭنى گۈزەل بولۇپلا قالماي، يەنە دۇنيادىكى ئەڭ بىخەتەر جاي، دەپ قارىدى.

2019 - يىلدىن بۇيان، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1000دىن ئارتۇق دىپلومات، تاراتقۇ، ئالىم قاتارلىق ھەر ساھەدىكى زاتلار شىنجاڭغا كېلىپ كىشىلىك ھوقۇق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نەتىجىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەم قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىكى مەيدانىنى قوللىدى، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى تېررورىزم ۋە ئەسەبىيزمنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئېلىپ، كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىپ، خەلقئارانىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى، دەپ كۆرسەتتى. لېكىن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى شىنجاڭنىڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە «جازا لاگېرى قۇرغانلىق» «كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق» دەپ بوھتان چاپلىدى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق.

مەن نەق مەيدانغا بېرىپ شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئازادە، يورۇق ئوقۇتۇش بىناسىدا دۆلەت ئورتاق تىلىنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى، قانۇن ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى، كىيىم - كېچەك پىششىقلاش، يېمەكلىك پىششىقلاش، ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش - چاچ گۈزەللەشتۈرۈش قاتارلىق ماھارەتلەرنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم؛ تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ كۆكتات تۈرلىرى مول، پاكىز، رەتلىك ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقانلىقىنى، تېلېۋىزور، ھاۋا تەڭشىگۈچ، مۇنچا قاتارلىق ئەسلىھەلەر سەپلەنگەن ياتاق بىناسىدا يېتىۋاتقانلىقىنى، تەنتەربىيە مەيدانى، كىتاب ئوقۇش ئۆيى قاتارلىق سورۇنلاردا مول مەزمۇنلۇق ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم؛

(ئاخىرى 12 - بەتتە)